قەلب ساداسى

# دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تۇرمۇشۇمغا يەنە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا يول قويمايمەن

□ خوتەن شەھەرلىك تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى نۇرجامال تۇرسۇنتوختى

مېنىڭ ئىسمىم نۇرجامال تۇرسۇنتوختى، ئۆيۈم خوتەن شەھرىدە. يېقىندا بازىرىمىزدا يېڭىدىن بىر سۇ ئۈزۈش سارىيى ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، بالامنى ئېلىپ بېرىپ ئويناپ كېلىشنى ئويلىغانىدىم. ئۆتكەن شەنبە كۈنى يەسلى دەم ئېلىشقا قويۇپ بەردى، مەنمۇ دەم ئالدىم، بىز بىر ئائىلىدىكى تۆتەيلەننىڭ ئاخىرى بىللە بېرىپ سۇ ئۈزىدىغانغا ۋاقتىمىز چىقتى.

بالىلار سۇ ئۈزۈش چەمبىرىكى بىلەن سۇدا ناھايىتى خۇشال ئوينىدى، مەنمۇ يېڭى سېتىۋالغان سۇ ئۈزۈش كىيىممنى تېزدىن ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارغا قوشۇلدۇم. ئېرىم ۋە بالىلىرىمنىڭ خۇشال چىرايىنى كۆرۈپ، مەن ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلدىم. ھالبۇكى، ئىلگىرى مەن ئۆز قولۇم بىلەن ئۆز بەختىمنى نابۇت قىلغىلى تاسلا قالغانىدىم.

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، مەن بىر دۇكان ئاچقانىدىم، ئېرىم گۆش دۇكىنى ئاچاتتى، بىز ھەر كۈنى 500 ـ 400 يۇەن كىرىم قىلاتتۇق، كۈنلىرىمىز ناھايىتى ياخشى ئۆتەتتى. يېقىن ئەتراپتا تۇرىدىغان بىرقانچە كىشى دائىم دۇكىنىمغا كېلەتتى، مەن ئۇلار بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئوبدان تونۇشۇپ قالدىم. ئۇلار باشتا ماڭا بىر قىسىم غەلىتە گەپلەرنى قىلدى، قانداقتۇر «ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنىڭ ھەممىسى ‹كاپىر›، بىزنىڭ دۈشمىنىمىز» «‹كاپىرلار› بىلەن ئالاقە قىلسا، جازاغا ئۇچرايدۇ، ئائىلىسىدىكىلەرمۇ چېتىلىپ قالىدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. تەدرىجىي ھالدا كاللام دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇيۇلدى. مېنىڭ ئىككى قىزىم بار، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، مەن ئىككى قىزىمنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى خالىمايمەن، شۇڭا ئامال بار «كاپىرلار» بىلەن ئالاقە قىلىشتىن ساقلاندىم.

بىر قېتىم، ئىككى خەنزۇ قىز دۇكىنىمغا نەرسە سېتىۋالغىلى كەلدى، ئۇلار ئېغىز ئاچماي تۇرۇپلا، مەن ئۇلارنى ۋارقىراپ قوغلاپ چىقىرىۋەتتىم. شۇ نەچچە يىلدا، ھەر قېتىم خەنزۇلار دۇكىنىمغا كىرسە، مەن ناھايىتى بىزار بولاتتىم. ئاستا ـ ئاستا، دۇكىنىمغا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى كېلىدىغان خېرىدارلار بارغانسېرى ئازايدى، مەن ئامالسىز دۇكاننى تاقىۋەتتىم.

ئەينى چاغدا، مەن قىلمىشىم ئۈستىدە ئويلىنىپ باقماي، ئەكسىچە دۇكاننىڭ تاقىلىپ قېلىشىدىكى مەسئۇلىيەتنى «كاپىرلار»غا ئىتتىرىپ، بارغانسېرى خەنزۇلارغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدىم. كوچىدا كېتىۋېتىپ، خەنزۇ ئاممىنى كۆرسەم ھومىيىپ قارايتتىم، ھەتتا كۆڭلۈمدە ئوغرىلىقچە ئۇلارنى دوزاخقا كىرسۇن دەپ قارغايتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەن ئاياللارنىڭ نىقابلىق كىيىم كىيمىگەنلىكىنى كۆرسەم، ئۇلارنى غەلىتە كىيىم ـ كېچەك كىيىۋالغاندەك ھېس قىلاتتىم، مەن ھەتتا دۇكان، ئاشخانىلاردا «كاپىرلار»غا مۇلازىمەت قىلغان ئاشۇ كىشىلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئۇلارنى ھەقىقىي مۇسۇلمان ئەمەس، ئۇلار تاپقان پۇلمۇ مۇسۇلمانچە ئەمەس دەپ قارايتتىم.

بۇ قورقۇنچلۇق خىياللار مېنىڭ ئىشلىرىمنى نابۇت قىلىپلا قالماي، ئائىلەمگىمۇ ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. ئەينى چاغدا مەن بالىلارنى خەنزۇ بالىلار بىلەن ئوينىغىلى قويمايتتىم، شۇنداقلا ئېرىمدىن «كاپىرلار» بىلەن سودا قىلماسلىقنى كۈچلۈك تەلەپ قىلاتتىم. مۇشۇنداق ئۆزۈمنىڭ دۇنياسىدا ياشاپ، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى يىرىكلىشىپ كەتتى.

ھازىر ئويلىسام بەك قورقۇپ كېتىمەن، ئەگەر ئېرىم ۋە كەنت كادىرلىرى مەندىكى مەسىلىنى بايقىمىغان بولسا، قايسى بىر كۈنى ئۆزۈمنى نابۇت قىلىشىمنى، شۇنداقلا بۇ ئائىلىنى نابۇت قىلىشىمنى ھەقىقەتەن بىلمەيتتىم.

ئۆيدىكىلەرنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن، مەن كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگەندىم. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە نۇرغۇن كىتاب كۆرۈپ، نۇرغۇن بىلىم ئۆگەندىم. ئۆگەنگەنسېرى بىلىدىغانلىرىممۇ كۆپەيدى، ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئويلاپ باقسام، ئەينى چاغدىكى خىيالىمنىڭ نەقەدەر بىمەنە، نەقەدەر قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، ھالبۇكى، بۇلارنىڭ مەنبەسى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى ئىكەن.

مېنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ئۆگىنىشتە ئېرىشكەن يەنە بىر ھاسىلاتىم شۇكى، تىككۈچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالدىم. بۇ تېخنىكىنى ئىگىلەپ تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، قوشنا كەنتتىكى كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىدا ئوقۇغۇچىلىق ئىشقا چۈشتۈم. زاۋۇتىمىزدا 40 نەچچە ئادەم بار، ھەممىسى ئەتراپتىكى كەنتلەردىن كەلگەن ئاچا ـ سىڭىللار، بىز ھەر كۈنى بىللە ئىشلەيمىز، پاراڭلىشىمىز، دائىم گېپىمىز تۈگىمەيدۇ. دەم ئالغان چاغلاردا، بىز دائىم بىللە بازار ئايلىنىپ، چىرايلىق كۆڭلەك، چىرايلىق لەۋ سۈرۈخلارنى كۆرسەك بەس ـ بەستە سېتىۋالىمىز.

زاۋۇتىمىزدا چۈشتىن كېيىن سائەت 5:30 دا ئىشتىن چۈشىمىز، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن مەن ئىككى قىزىمنى مەكتەپتىن ئېلىپ ئۆيگە قايتىمەن. ھازىر مەن چىرايلىق كىيىنىپ قىزلىرىمنى ئالغىلى بارسام قىزلىرىم مېنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار مېنى دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق ئانا دەيدۇ. قىزلىرىم خۇشال بولسا، مەنمۇ خۇشال بولىمەن، ئېرىمنىڭ كۈلكىسىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. مەن ئېرىمنىڭ تىجارىتىگە ئارىلاشمايدىغان بولدۇم، ئۇ گۆش دۇكىنىنىڭ تىجارىتىنى ناھايىتى ياخشى يۈرۈشتۈرۈۋاتىدۇ، ھەر كۈنى خېلى كۆپ كىرىم قىلىدۇ.

بۇ قېتىم مەن چوقۇم ئۆز بەختىمنى چىڭ قوغداپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تۇرمۇشۇمغا يەنە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى، ئائىلەمگە يەنە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا يول قويمايمەن.

# پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنى قۇتقۇزۇۋالدى

□ قاغىلىق ناھىيەلىك تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى ئەكبەر ئەنۋەر

مېنىڭ ئىسمىم ئەكبەر ئەنۋەر، 24 ياش، ئۆيۈم قاغىلىق ناھىيەسىدە. مېنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەم تۆۋەن، ھەق ـ ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىم ئاجىز بولغاچقا، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلالماي، كاللام ئەسەبىي ئىدىيە تەرىپىدىن يۇيۇۋېتىلگەنىدى. ئاشۇ يىللاردا، مەن ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىغا يول قويمايتتىم، دوستلىرىمنىڭ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا بېرىشىغا يول قويمايتتىم. بىر قېتىم، مەن دوستۇمنىڭ توي مۇراسىمىدا سازەندىلەرنىڭ چالغۇلىرىنى چېقىۋەتكەنىدىم، يەنە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىغانلارنى ھاقارەتلىگەنىدىم، ئۇلارنى روھىي ئەمىن تاپالمايدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، دەپ قارغىغان ئىدىم. ئادەتتىكى كۈنلىرى دوستلار يىغىلىشى، ئەمگەك ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشلاردا، مەن يەنە باشقىلار ماڭا بەرگەن زوراۋانلىق، تېررورلۇققا دائىر ئۈن ـ سىنلارنى دوستلىرۇمغا كۆرسىتىپ، ئۇلارنىمۇ ماڭا ئوخشاش «مۇستەقىللىق» ئۈچۈن بىرلىكتە «كۈرەش قىلىش»قا ئۈندىگەنىدىم.

قاراڭغۇلۇق ئەقلىمنى بىخۇدلاشتۇردى، جىنايەتنىڭ چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتەيلا دەپ قالغان چاغدا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنى قۇتقۇزۇۋالدى، مېنىڭ يارنىڭ لېۋىدىن قايتىپ كېلىشىمگە ياردەم قىلىپ، مېنى قايتىدىن يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشتۈردى.

كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، بۇ يەرنىڭ مۇھىتىنىڭ مەن ئىلگىرى ئوقۇغان مەكتەپكە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردىكى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ماڭا ئوخشاش ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغانلىقىنى بايقىدىم. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە بىزگە دەرس جەدۋىلى بويىچە دەرس ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئۆگەندۇق، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگەندۇق، كەسپىي ماھارەت ئۆگەندۇق، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا تەنتەربىيە مەيدانىدا ۋاسكېتبول ئوينىدۇق، بەدەن چېنىقتۇرۇش مەيدانىدا بەدەن چېنىقتۇردۇق، كىنوخانىغا بېرىپ كىنو كۆردۇق، كىتاب ئوقۇش ئۆيىگە بېرىپ گېزىت ـ ژۇرنال كۆردۇق، پائالىيەت ئۆيىگە بېرىپ شاھمات ئوينىدۇق، تۇرمۇشىمىز رەڭدار ئۆتتى.

تەربىيەلىنىش مەزگىلىدە، ئوقۇتقۇچىلار ماڭا خۇددى ئۇرۇق ـ تۇغقىنىدەك كۆڭۈل بۆلدى، ماڭا كۆيۈندى، ماڭا سەۋرچانلىق، ئەستايىدىللىق بىلەن ياردەم قىلدى، مېنىڭ گۇمانىي سوئاللىرىمغا زېرىكمەي جاۋاب بەردى. ئۇلارنىڭ ياردىمىدە، مەن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ جىنايى ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇپ يەتتىم. دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى دىن ئەمەس، بەلكى «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئالداش، كونترول قىلىشقا ئىشلىتىدىغان سەپسەتىسى. ئۆگىنىش ئارقىلىق، مېنىڭ قانۇن ئېڭىم ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستى، قايسى ئىشنى قىلسا بولىدىغانلىقىنى، قايسى ئىشنى قىلسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم؛ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى سەۋىيەمۇ ئۇچقاندەك تېز ئۆسۈپ، كېيىنكى ئىشقا ئورۇنلىشىش يولۇمنى كېڭەيتتى. مەن ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتتىم. كۆڭلۈمدە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ روھىمنى يەنە چىرىتىشىغا مەڭگۈ يول قويمايمەن، مەن چوقۇم ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، توغرا ئىش قىلىپ، توغرا يولدا ماڭىمەن، دەپ ئىرادە باغلىدىم.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە مېنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئىپادەم ناھايىتى ياخشى بولدى، باھالاش ئارقىلىق، مەن ئەلا نەتىجە بىلەن تەربىيەنى تاماملىدىم. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى پىششىق ئىگىلىگەن، شۇنداقلا بىر ماھارەتنى ئۆگەنگەن بولغاچقا، تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا خىزمەت تاپتىم، بىر قەھۋەخانىدا خىزمەت قىلىمەن، ئايلىق مائاشىم 3000 يۇەن. ھازىر، مەن ئائىلەمدىكىلەر بىلەن بىللە بەختلىك ياشاۋاتىمەن. تۇمان مەندىن يىراقلاپ كەتتى، قۇياش نۇرى مېنى ئىللىتتى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، ئەگەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت قۇتقۇزۇۋالمىغان بولسا، مېنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشۇم بولمايتتى. مەن ئۆز كەچۈرمىشىم ئارقىلىق «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ۋە قەبىھ غەرىزىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئەتراپىمدىكىلەرنى قايتا زىيانكەشلىككە ئۇچراتقۇزمايمەن.

دەۋر ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماقتا، مەن ئازغىنە كۈچۈم ئارقىلىق بولسىمۇ، جۇڭگو ئارزۇسى ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ بىر كىشىلىك كۈچۈمنى قوشىمەن. مەن چوقۇم تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىپ، بەخت ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىمەن!

ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونىنىڭ باجدىن خالىي ئەشيا ئوبوروت ئىقتىدارى گەۋدىلەندى

# ئالدىنقى 11 ئايدىكى ئىمپورت سودا قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئالتە ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تاموژنىدىن ئۆتۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، تىجارەت سودا مۇھىتىنى ياخشىلاش قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەر ئارقىلىق، باجدىن خالىي ئەشيا ئوبوروتىنىڭ تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قېزىپ، پائال ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى.

يېقىندا، ئالاتاۋ جىنمۇ بىيو پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى قازاقىستان، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن نەچچە مىڭ توننا ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى قاتارلىق ياغلىق دان زىرائەتلىرىنى ئىمپورت قىلىپ، ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايوندا يىمەكلىك ياغ ئىشلەپچىقىرىپ، پىششىقلاپ، ئاندىن پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە سېتىشقا تەييارلىق قىلدى. بۇ ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى باجدىن خالىي ئەشيا ئوبوروتى ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونغا كىرگۈزۈپ، باجدىن كەچۈرۈم قىلىش ئالاقىدار سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولدى. بۇ شىركەت ئاشلىق، يەم ـ خەشەك، ياغدىن ئىبارەت ئۈچ كەسىپنىڭ يۇغۇرۇلما كەسىپ زەنجىرى بويىچە ئىنچىكە پىششىقلاش تۈرىنى قۇرۇشنى پىلانلىدى، نۆۋەتتە يىلدا 150 مىڭ توننا ياغلىق داننى بىر تەرەپ قىلىش، 100 مىڭ توننا كۈنجۈرىنى چىلاپ چىقىرىۋېلىش ھەمدە 60 مىڭ توننا ياغ چەككىلەش تۈرىنى قۇرۇپ چىقتى.

«ئوڭۇشلۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، زور مىقداردا خام ماتېرىيال ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقىنى كىرگۈزۈشكە توغرا كەلدى، بىز مەخسۇس 30 مىڭ توننىلىق ئامبار قۇردۇق. تۇنجى تۈركۈمدە ئىمپورت قىلىنغان ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى 7000 توننا بولۇپ، كېلەر يىلى 1 ـ ئايدا يەنە 15 مىڭ توننا ئىمپورت قىلىشنى پىلانلىدۇق» دېدى بۇ شىركەت ئۇنىۋېرسال ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئامانبېك. ئۇ مۇنداق ھېسابات قىلىپ بەردى، باجدىن خالىي ئەشيا ئوبوروتىغا ئالاقىدار سىياسەتلەر بويىچە، بىر توننا ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى رايونغا كىرگۈزۈلگەندە، تەخمىنەن 104 يۇەن باج كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، 15 مىڭ توننا ئىمپورت قىلىنسا، كارخانا ئۈچۈن 1 مىليون 560 مىڭ يۇەن تېجىلىدۇ.

بۇ يىل كەڭ ئۆلچەملىك رېلىس ئارقىلىق رايونغا كىرىپ رېلىس ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان ئەۋزەللىكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، رايون ئىچىدىكى كارخانىلارنىڭ باجدىن خالىي ئەشيا ئوبوروتى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى رايون ئىچىدىكى پايدىلىنىش نىسبىتى بىرقەدەر تۆۋەن بولغان 18 مەخسۇس تۆمۈريول لىنىيەسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئەشيا ئوبوروتى لىنىيەسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋانلاشتۇردى.

بۇنىڭدىن سىرت، ئالاتاۋ تاموژنىسى يەنە 14 سائەتتە تاموژنىدىن ئۆتۈش، 24 سائەت نۆۋەتچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈش قاتارلىق يېڭى تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تاموژنىدىن ئۆتۈش ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

«بىز قەرەللىك ھالدا تاموژنا ـ كارخانا سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، كارخانىلاردىن پىكىر ـ تەكلىپ ئېلىپ، ئوخشاش بولمىغان كارخانىلارغا قارىتا، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ 15 تۈرلۈك خاس مۇلازىمەت تەدبىرىنى تۈزۈپ، ‹بىر كارخانىغا بىر سىياسەت بولۇش› ‹بىر مەھسۇلاتقا بىر سىياسەت بولۇش›نى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتە كۆرۈلگەن مەسىلىلىرىنى تولۇق ھەل قىلدۇق، ماللارنى ئاسان كىرگۈزۈپ، تېز چىقىرىپ، كارخانىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونىنىڭ سىياسەت ئېتىبارىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدۇق» دېدى ئالاتاۋ تاموژنىسى ئۇنىۋېرسال كەسىپ 2 ـ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لى نۇك.

# ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا ئۆزىمىز ئەڭ سۆز قىلىشقا ھوقۇقلۇق

□ كېرىيە ناھىيەلىك تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى ئالىمجان ئابدۇغېنى

يېقىندىن بۇيان، مەن خەۋەر كۆرۈۋېتىپ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىنى بايقىدىم، بۇ مېنىڭ قاتتىق غەزىپىمنى قوزغىدى. كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسىگە قاتناشقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئامېرىكىنىڭ مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن. مېنىڭ ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلاردىن شۇنى سوراپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ: سىلەرنىڭ بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى توغرىسىدا ئاغزىڭلارغا كەلگەننى بىلجىرلايدىغانغا نېمە ھوقۇقۇڭلار بار؟ سىلەر يەنە شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى قانچىلىك چۈشىنىسىلەر؟

مەن بۇ يىل 33 ياشقا كىردىم، مۇشۇ تۇپراقتا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان كېرىيەلىك، مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىممۇ مۇشۇ يەردە ياشىغان. مەن ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە چوڭقۇر ئۇچراپ، كىشىلىك ھاياتىم چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغاندا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، مېنى قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتۈردى. مەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن بويىچە تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلغانلىقىغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسى ئارقىلىق، مەن دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى ۋە كەسپىي ماھارەت ئۆگەندىم، ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا ماڭدىم، ھازىر مېنىڭ تۇرمۇشۇم بارغانسېرى بەختلىك ئۆتۈۋاتىدۇ.

ئىلگىرى، مەن بەزى دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى مېنى تەدرىجىي كونترول قىلىۋېلىپ، روھىمنى تۇتقۇن قىلىۋالغانىدى. مەن دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلار ئويدۇرۇپ چىققان ئاتالمىش «دىنىي قائىدە، ئائىلىۋى قائىدە» بويىچە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدىم، ھەتتا «دىنىي قائىدە، ئائىلىۋى قائىدە» ئارقىلىق ئائىلەمدىكىلەر ۋە تۇغقانلار، دوست ـ بۇرادەرلىرىمگە تەلەپ قويۇپ، دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلار تەرغىب قىلغان «دىنىي قائىدە» بويىچە باشقىلارنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا ئارىلاشتىم، خوتۇنۇمنىڭ سىرتقا چىقىپ خىزمەت قىلىشىغا يول قويمىدىم، ھۆكۈمەت بېجىرىپ بەرگەن كىملىكنى ئىشلىتىشنى رەت قىلدىم، قاتارلىقلار. مەن قاراڭغۇ چوڭقۇر ھاڭغا بارغانسېرى چوڭقۇر پاتتىم. لېكىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنى تاشلىۋەتمىدى، بەلكى ماڭا كۆڭۈل بۆلدى، ياردەم بەردى، مېنى تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇۋالدى ۋە يۆلىدى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىش ئارقىلىق، مېنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى سەۋىيەمدە ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش بولدى، مەن ئاڭلاپ چۈشىنەلمەسلىك، سۆزلىيەلمەسلىك، كۆرۈپ چۈشىنەلمەسلىكتىن، ھازىرقىدەك ئاساسىي جەھەتتىن ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان، پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان بولدۇم، بىلىم ۋە ئۇچۇر ئىگىلەيدىغان تېخىمۇ كۆپ يولغا ئېرىشتىم؛ مېنىڭ قانۇن ئېڭىم زور دەرىجىدە ئۆستى، نېمىنىڭ قانۇنلۇق، نېمىنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم، مەسىلىگە يولۇققاندا قانۇندىن قانداق ياردەم سوراش قاتارلىقلاردا سەگەك تونۇشقا ئىگە بولدۇم، كۆڭلۈمدىكى قانۇن تۆۋەن چېكىمۇ تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى، قانۇندىن پايدىلانغاندىلا ئاندىن ئۆزۈمنى ھەقىقىي قوغدىيالايدىغانلىقىمنى بىلىۋالدىم.

بىز تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئىنتايىن كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈردۇق، ئۆگىنىشتىن سىرت، نۇرغۇن ئىختىيارىي پائالىيەت ۋاقتىمىز بار، توپ ئويناشقا بولىدۇ، ئۇسسۇل ئوينىساق بولىدۇ، يەنە شاھمات ئوينىساقمۇ بولىدۇ، تېلېۋىزور كۆرسەكمۇ بولىدۇ. كۈندىلىك ئۈچ ۋاخ تاماقىمىزنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى مول بولغاچقا، نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىم تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە سەمرىپ كەتتى. بىز ئۆزىمىزنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن ئەمەلىي قوللىنىدىغان ماھارەتنى تاللاپ ئۆگەندۇق. خوتۇنۇمنىڭ ئىزچىل بىر تاللا بازىرى ئاچقۇسى بار ئىدى، شۇڭا مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تاللا بازىرىنى قانداق باشقۇرۇشنى ئۆگىنىشنى تاللىدىم. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن خوتۇنۇم بىلەن بىللە بىر تاللا بازىرى ئاچتۇق، بىزنىڭ ئورتاق تىرىشىشىمىز ئارقىسىدا سودىمىز بارغانسېرى ياخشىلاندى، تۇرمۇشىمىزمۇ تېخىمۇ بەختلىك بولدى. بۈگۈنكى كۈندە، بىز يەنە بىر ئۆي ـ مۈلۈك ۋاستىچىلىك شىركىتى ئېچىشنى پىلانلاۋاتىمىز. ھازىر، مەن ھەقىقەتەن ئائىلىمىزنىڭ تۈۋرۈكىگە ئايلاندىم، قەددىم بارغانسېرى رۇسلاندى، يوقىتىپ قويغىلى ئۇزاق بولغان ئىشەنچ تۇرمۇشۇمغا يېڭىباشتىن قايتىپ كەلدى، مېنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش يولۇم قۇياش نۇرىغا چۆمۈلدى.

پەقەت ئىنتىپاق، مۇقىم بولغاندىلا، تۇرمۇش ئاندىن بارغانسېرى ياخشى بولىدۇ. ھازىر مېنىڭ ئەڭ دېمەكچى بولغىنىم شۇكى: «جاھان قانچە چوڭ بولسىمۇ، پارتىيەنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىدەك چوڭ ئەمەس، ھەممە ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، سوتسىيالىزمدەك ياخشى ئەمەس، دەريا، دېڭىز ھەرقانچە چوڭقۇر بولسىمۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دوستلۇقىدەك چوڭقۇر ئەمەس. بىز مىننەتدار قەلب بىلەن مەڭگۈ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، مەدەنىي، ئەدەپلىك لاياقەتلىك پۇقرالاردىن بولۇشىمىز كېرەك».